# 105702 - تاھارەتتە بەدەننى ئارقمۇ-ئارقا، ئۈزۈلدۈرمەي يۇيۇش توغرىسىدا

## سوئال

مەن تاھارەت ئالغاندا ئوڭ پۇتۇمنى يۇيۇپ لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سول پۇتۇمنى يۇيۇپ قۇرۇتتۇم، بۇ شەكىلدە ئالغان تاھارىتىم ئارقمۇ-ئارقا ئېلىشنى تەرك قىلغانلىقنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تاھارەتتە بىر ئەزانى يۇيۇپ نورمال ۋاقىتتا يەنە بىر ئەزانى يۇيۇپ بولغىچە دەسلەپتە يۇغان ئەزا ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى، شامال بولغانلىق ياكى لۆڭگە دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن قۇرۇتۇلغان بولسا، ئادەتتە بىر ئەزانى يۇيۇپ يەنە بىرىنى يۇيۇپ بولغۇچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمىگەن بولسا، بۇنىڭ تاھارەتكە تەسىرى بولمايدۇ، بۇ يەردە كۆپ ۋاقىت ئۆتمىدى دېگەن سۆز ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بەزى ئالىملار تاھارەتنى ئارقمۇ-ئارقا ئېلىشنى: ئادەتتە بىر بەدەننى يۇيۇپ يەنە بىر بەدەننى يۇيۇپ بولغۇچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەسلىك كېرەك دەپ قارايدۇ.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ" ئەلمۇغنى" 1-توم 181-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "تاھارەتنى ئارقمۇ-ئارقا ئېلىشنىڭ ۋاجىپلىقى دېگەن: نورمال بىر ۋاقىتتا كىيىنكى ئەزانى يۇيۇپ بولغۇچە دەسلەپتە يۇغان ئەزا قۇرۇپ قالىدىغان بىر ۋاقىت ئۆتمەسلىك كېرەكتۇر، چۈنكى ۋاقىتمۇ پەرقلىق بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا كېيىنكى ئەزانى يۇيۇپ بولغۇچە دەسلەپتە يۇغان ئەزا قۇرۇپ قالىدۇ".

"كەششاپىل قىنا" 1-توم 105-بەتتە مۇنداق دېگەن: "بۇ يەردە تاھارەتنى ئارقمۇ-ئارقا ئۈزمەي ئېلىش دېگەندىن بولغان مەقسەت: ئىسسىق-سوغۇقلۇقى نورمال بىر ۋاقىتتا ئىككىنچى بىر ئەزانى يۇيۇپ بولغىچە دەسلەپتە يۇغان ئەزا قۇرۇپ قالماسلىقى كېرەك. يۈزنى يۇيۇپ بولۇپ، ئىككى قولنى جەينىكى بىلەن قىتىپ يۇيۇشنى يۈزى قۇرۇغان مۇددەتكىچە كېچىكتۈرمەسلىك كېرەك. بېشىغا مەسھ قىلىشنى ئىككى قولى قۇرۇغان مۇددەتكىچە كېچىكتۈرمەسلىكى كېرەك. شۇنىڭدەك ئىككى پۇتنىمۇ ئەگەر بېشنى يۇغان بولسا بېشى قۇرۇغان

مۇددەتكە قەدەر كىچىكتۈرمەسلىكى لازىم، ئەگەر ئۇ كىشى بېشىغا مەسىھ قىلىشنى يۇزى قۇرۇپ، ئىككى قولى قۇرۇشتىن بۇرۇنغا كىچىكتۈرگەن بولسا، بۇنىڭ تاھارەتكە تەسىرى بولمايدۇ".

شۇنىڭغا ئاساسەن: بىر كىشى ئوڭ پۇتىنى يۇيۇپ ئادەتتە ئۇ قۇرۇپ بولۇشتىن بۇرۇن سول پۇتىنى يۇغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئالغان تاھارىتى توغرا بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.